# شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 9 - ئاي

7

شەنبە

维吾尔文 9月7日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

CN 65－0002/－W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24811 - سان بۈگۈن 4 بەت


# شى جىنپىڭ گېرمانىيە زۇڭلىسى مېركېل بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىر لىيۇ خۇا)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى بېيجىڭدا گېرمانىيە زۇڭلىسى مېركېل بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: هازىر، بىز خىرىسلار ئۇزۇلمەيۋاتقان، خەۋپ - خەتەر كۈنسېرى كۆپىيىۋاتقان دەۋردە تۇرۇۋاتىمىز، يەككە تەرەپچىللىك، قورۇقچىلىق دۇنيانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقىغا ئېغىر تەھدىت سېلىۋاتىدۇ، هەرقانداق دۆلەت ئۆزىنىڭلا غېمىدە بولسا بولمايدۇ. جۇڭگو بىلەن گېرمانىيە مەسئۇلىيەتچان ئىككى چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىلگىرىكى هەرقانداق ۋاقىتتىقا قارىغاندا ئىستراتېگىيەلىك ئالاقە، ماسلىشىش ۋە هەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئىنسانلار دۇچ كەلگەن ئورتاق خىرىسقا قول تۇتۇشۇپ تاقابىل تۇرۇشقا بەكرەك موهتاج. بۇ جۇڭگو - گېرمانىيە ئىككى دۆلەت ئۈچۈن، شۇنداقلا دۇنيا ئۈچۈنمۇ ناهايىتى مۇهىم بولماقتا. ئىككى تەرەپ ئۆزئارا هۆرمەت قىلىش، سۆزلىشىش، كېڭىشىشتە چىڭ تۇرۇپ، بىر - بىرىنىڭ تەرەققىيات يولىغا هۆرمەت قىلىپ، هەرقايسى تەرەپنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، باراۋەر سۆهبەتلىشىدىغان، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ هەمكارلىشىدىغان، ئالماشتۇرۇپ، ئۆزئارا ئۆرنەك ئالىدىغان ئىستراتېگىيەلىك هەمراهلاردىن بولۇشى كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى يېزا ئىگىلىكىگە ئالاقىدار ئالىي مەكتەپلەردىكى كەڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا جاۋاب خەت يېزىپ تىلىكىنى بىلدۈردى

# ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشنى ئاساس قىلىش، يېزا ئىگىلىكىنى كۈچەيتىش، يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشنى ۋەزىپە قىلىش كېرەك

## جاۋاب خەت

**پۈتۈن مەملىكەتتىكى يېزا ئىگىلىكىگە ئالاقىدار ئالىي مەكتەپلەرنىڭ شۇجىلىرى، مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە مۇتەخەسسلەر ۋەكىللىرى:**

ياخشىمۇسىلەر! خەتنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئەھۋالدىن خەۋەر تاپتىم. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكەتتىكى يېزا ئىگىلىكىگە ئالاقىدار ئالىي مەكتەپلەر مەكتەپ باشقۇرۇش بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، تالانتلىقلارنى كۆڭۈل قويۇپ يېتىشتۈرۈپ، پەن تەتقىقاتتا يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەيتىپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېهقانلار» ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پائال تۆهپە قوشتى.

جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىشى يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ زامانىۋىلىشىشىدىن ئايرىلالمايدۇ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى پەن - تېخنىكىدا، ئىختىساسلىقلاردا. يېڭى دەۋردە، يېزىلار ئۇمىدكە تولغان دالا، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشتىكى كەڭ سەھنە، دۆلىتىمىزنىڭ دېهقانچىلىق، ئورمانچىلىق ئالىي مائارىپىنىڭ ئىستىقبالى پارلاق. سىلەرنىڭ داۋاملىق ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشنى ئاساس قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنى كۈچەيتىش،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي هەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى يېزا ئىگىلىكىگە ئالاقىدار ئالىي مەكتەپلەرنىڭ شۇجىلىرى، مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە مۇتەخەسسسلەر ۋەكىللىرىگە جاۋاب خەت يېزىپ، يېزا ئىگىلىككە ئالاقىدار ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىگە قارىتا تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، كەڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى رىغبەتلەندۈردى ۋە ئۇلاردىن ئۈمىد كۈتتى.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكەتتىكى يېزا ئىگىلىكىگە ئالاقىدار ئالىي مەكتەپلەر مەكتەپ باشقۇرۇش بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، تالانتلىقلارنى كۆڭۈل قويۇپ يېتىشتۈرۈپ، پەن تەتقىقاتتا يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەيتىپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېهقانلار» ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پائال تۆهپە قوشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىشى يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ زامانىۋىلىشىشىدىن ئايرىلالمايدۇ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى پەن - تېخنىكىدا، ئىختىساسلىقلاردا. يېڭى دەۋردە،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى شىنجاڭغا كېلىپ

# «جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتىنىڭ هاسىلىي ئېنېرگىيە قانۇنى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى

مۇخبىرىمىز **جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى شېن يۆيۆ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتىنىڭ هاسىلىي ئېنېرگىيە قانۇنى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو ئالاقىدار پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتىنىڭ هاسىلىي ئېنېرگىيە قانۇنى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى توغرىسىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتى هەم شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى هەم سۆهبەت ئۆتكۈزدى. شېن يۆيۆ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ قېتىمقى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى پۇرسەت بىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا شى جىنپىڭنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ هاسىلىي ئېنېرگىيەنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى مۇهىم بايانلىرىنىڭ روهىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، هاسىلىي ئېنېرگىيەنى ئېچىش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىشنىڭ دۆلەتنىڭ ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئېنېرگىيە تەمىناتى قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۈنى تۈزەش ئۆتكەلگە هۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش هەم كىشىلىك هوقۇق كاپالىتى»

# خەلقئارا مۇهاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىر لىيۇ بىڭ)** جۇڭگو كىشىلىك هوقۇق تەتقىقات جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان، غەربىي جەنۇب سىياسىي - قانۇن داشۆسى كىشىلىك هوقۇق تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ داشۆ سىياسىي ۋە ئاممىۋى باشقۇرۇش شۆيۈەنى ئۆتكۈزۈشنى ئۈستىگە ئالغان «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش هەم كىشىلىك هوقۇق كاپالىتى» خەلقئارا مۇهاكىمە يىغىنى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. فرانسىيە، هىندىستان، تۈركىيە، ئافغانىستان، جۇڭگو قاتارلىق 18 دۆلەت ۋە خەلقئارا تەشكىلاتتىن كەلگەن 60 نەچچە مۇتەخەسسىس، ئالىم تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتىكى ئىنسانپەرۋەرلىك هەم كىشىلىك هوقۇقنى قوغداش، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتىكى سېلىشتۇرما تەتقىقات هەم خەلقئارا هەمكارلىق قاتارلىق تېمىلارنى چۆرىدەپ مۇهاكىمە، ئالماشتۇرۇشنى قانات يايدۇردى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)



شىنجاڭ ياخشى جاي

## كورلا نەشپۈتىنى يىغلۇېلىش باشلاندى

**9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، نەشپۈت ئۆستۈرىدىغان دېهقانلار كورلا شەھىرىنىڭ ئاۋات يېزىسى قاراياغاچ كەنتىدىكى نەشپۈتزارلىقتا نەشپۈت ئۈزمەكتە. نۆۋەتتە، كورلا نەشپۈتى يىغىۋېلىش مەزگىلىگە كىردى.**

**□ چېن جيەنفېي فوتوسى**

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
كەسىپ مۇۋەپپەقىيەتلىرى زىيارىتى

# «بۇلۇت» ئۈستىدىكى ئالاقە تورى «بۇلۇت» ئاستىدىكى ئەقلىي ياسىمچىلىق

## سانائەت ئالاقە تورى شىنجاڭ ياسىمچىلىقىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى

مۇخبىرىمىز **شى شىن**، پىراكتىكانت **جاۋ شىڭمېي** خەۋەر قىلىدۇ: «بۇلۇت» ئۈستىدىكى ئالاقە تورى، «بۇلۇت» ئاستىدىكى ئەقلىي ياسىمچىلىق، شىنجاڭ ياسىمچىلىقى سانائەت ئالاقە تورى بىلەن «قوشۇلۇش» ئارقىلىق، تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش قەدىمىنى تېزلەتمەكتە. ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىدىن كەلگەن سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە: 2018 - يىلى، شىنجاڭدا ياسىمچىلىق بىلەن ئالاقە تورىنى بىرىكتۈرۈپ ئۆلگە كۆرسىتىش سىناق نۇقتىسى قىلىنغان كارخانىدىن 12سى، سىستېمىلىق تۇپلاشتۇرۇش ۋە يۇمشاق دېتال كارخانىسىدىن 150ى يېتىلدۈرۈپ كۆپەيگەن، 6300 نەچچە كارخانا «شىنجاڭ كارخانىلىرىنى بۇلۇتقا چىقىرىش» پىلانىغا كىرگەن.

شىنجاڭدىكى سانائەت ئالاقە تورىنى ئەڭ بالدۇر قوللانغان كارخانىلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شىنجاڭ جىنفېڭ پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى ئۈچ يىلدىن بۇيان جەمئىي 200 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، تۈرلۈك كەسىپلەرنى رەقەملەشتۈرۈش، تورلاشتۇرۇش، ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش مەخسۇس تۈرىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېز ئالغا سىلجىتتى.

جىنفېڭ پەن - تېخنىكىسىنىڭ باش مۇدىرى ۋۇ گاڭ مۇنداق بىلدۈردى: يۈرۈشۈش ئۈنۈمىدىن قارىغاندا، سانائەت ئالاقە تورى قۇرۇلۇشى جىنفېڭ پەن - تېخنىكىسىنىڭ قۇۋۋەت كۆزلىمە ئېنىقلىق دەرىجىسىنى ساھە ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن 5% ئۆستۈردى، توك تارقىتىش ئۈنۈمىنى 5% - 10% ئاشۇردى، قۇرۇلۇش قىلىش مۇددىتىنى 10% - 5% قىسقارتتى، تەننەرخنى 3% - 1% تۆۋەنلەتتى، شامال ئېلېكتىر مەيدانىنى يۈرۈشتۈرۈش، ئاسراش تەننەرخىنى 3% - 1% تۆۋەنلەتتى، زور سۈپەت بىخەتەرلىكى هادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىش ئېهتىماللىقى نۆل بولدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

شىنجاڭدىكى مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىلىرى ۋە نامىنى ئاتاش مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇهىم يوليورۇقىنىڭ روهىنى ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرگەندە مۇنداق بىلدۈردى ——

# ياخشى كەيپىياتنى تەشەببۇس قىلىپ، ئاكتىپ كۈچنى ئەۋج ئالدۇرىمىز

باش شۇجى شى جىنپىڭ يېقىندا، مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىنى تەقدىرلەش پائالىيىتى توغرىسىدا مۇهىم يوليورۇق بېرىپ، تەقدىرلەنگەن مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. باش شۇجىنىڭ سۆزى ئەمدىلا تەقدىرلەنگەن شىنجاڭدىكى 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىلىرى ۋە نامىنى ئاتاش مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەرنى چوڭقۇر ئىلهاملاندۇردى. ئۇلار مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇهىم يوليورۇقىنىڭ روهىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىلگىرىكىدەكلا ياخشى كەيپىياتنى تەشەببۇس قىلىپ، ئاكتىپ كۈچنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش، جۇڭگو ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇشنى قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچ ۋە ئەخلاق تىرىكى بىلەن تەمىنلىشىمىز كېرەك.

### ■ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش خەلققە ئۆزىنى بېغىشلاش

قويۇق ئىللىق ئېقىم قەلبكە تارىدى، ئېغىر مەسئۇلىيەت قەلبلەرگە چىڭ پۈكۈلدى.

7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىسى نامىغا ئېرىشكەن ئۈچتۇرپان ناهىيەسىنىڭ ئىمامىلىرىم بازىرى دۆلەت ئورتاق تىل باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى قۇربان نىياز مۇنداق دېدى: «بۇ قىممەتلىك شەرەپ ماڭا نىسبەتەن زور ئىلهام ۋە تۈرتكە بولدى، مەن چوقۇم باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، هەر مىللەت ئاممىنى ئالىيجاناب ئەخلاقنىڭ ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىلىرىدىن، مەدەنىي كەيپىياتنىڭ قوغدىغۇچىلىرىدىن، گۈزەل تۇرمۇشنىڭ ياراتقۇچىلىرىدىن بولۇشقا يېتەكلەيمەن».

7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىسى نامىنى ئاتاش مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى سالىقجان ئىمىن چۆچەك شەھەرلىك سابىق يېمەكلىك شىركىتىنىڭ پېنسىيەگە چىققان ئىشچىسى، ئۇ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «باش شۇجىنىڭ سۆزى ماڭا هەسسەلەپ ئىللىقلىق هېس قىلدۇردى، مېنى تېخىمۇ ئىلهاملاندۇردى، بۇنىڭدىن كېيىن، مەن دۆلەت بايرىقى چىقىرىشتا داۋاملىق چىڭ تۇرىمەن، مەيلى بوران چىقىپ يامغۇر ياغسۇن، هەممە يەر قار - مۇز بىلەن قاپلانسۇن، بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى چوقۇم كىچىك هويلامدا ئېگىز جەۋلان قىلدۇرىمەن، مەن يەنە دۆلەت بايرىقى چىقىرىش خىزمىتىنى ئوغلۇمغا تاپشۇرۇپ، دۆلەت بايرىقى چىقىرىشتىن ئىبارەت بۇ شەرەپلىك بۇرچنى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرىمەن».

### ■ توختىماي ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش

ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، بىڭتۇەن 1 - شى 13 - تۇەن 11 - لىيەنىنىڭ «ئىككى كومېتېت»نىڭ ئەزاسى يوۋ لياڭيىڭ ئىنىسى مەمەتتۇرۇپ مۇساق هەم باشقا كەنت ئاهالىلىرىنىڭ ئېتىز پەرۋىشى تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشىگە ياردەم بېرىپ، يۇرتداشلارنى تىرىشىپ ئىشلەپ بېيىش يولىغا مېڭىشقا يېتەكلىدى. بۇ قېتىم، ئۇ 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىسى نامىغا ئېرىشىپ، زىممىسىدىكى يۈكنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلاشقانلىقىنى هېس قىلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ بۇ يىللىق يۈك توشۇش مىقدارى 100 مىليون توننىدىن ئاشتى

## بۇلتۇرقىدىن 51 كۈن بۇرۇن بولدى

مۇخبىرىمىز **لۇ فېڭباۋ**، پىراكتىكانت **جىيا فاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى سائەت 11دە، شىخەنزە ۋوگزالىغا قاتنايدىغان بىر يۈك پويىزىنىڭ ئۈرۈمچى غەربىي ۋوگزالىدىن يولغا چىقىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ بۇ يىللىق يۈك يەتكۈزۈش مىقدارى 100 مىليون توننىدىن ئاشتى، بۇ بۇلتۇرقىدىن 51 كۈن بۇرۇن بولدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ تۆمۈريولى مال مەنبەسى ماركېتىنى يېڭى كۆچەيتىش، ترانسپورت تەشكىللەشنى ئەلالاشتۇرۇش قاتارلىق هالقىلاردىن تۇتۇش قىلىپ، كۆمۈر، مېتال رۇدىسى، مېتاللوئىد رۇدىسى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەهسۇلاتلىرى قاتارلىق نۇقتىلىق ترانسپورت تۈرلىرىنى يولغا قويۇشنى ياخشى تۇتتى، ئالدىنقى يېرىم يىلدا يۈك يەتكۈزۈش مىقدارىنىڭ ئېشىش نىسبىتى پۈتۈن مەملىكەت تۆمۈريولى بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ يېڭى هاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش كېرەك

سۆز ھەممىگە

□ جاڭ بېي

9 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى»دە، ئىلى تۇلپار خەلقئارا ساياهەت بايرىمى مەزگىلىدە، موڭغۇلكۈرە ناهىيەسىنىڭ پارتىيە ئەزالىرى پىدائىيلار مۇلازىمىتى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغانلىقى، هەرقايسى ئورۇنلاردىكى پارتىيە ئەزالىرىدىن تەشكىللەنگەن پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ ساياهەتچىلەرنى ئەتراپلىق، ئىنچىكە مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، تەرىپلەشكە ۋە ياخشى باهاغا ئېرىشكەنلىكى خەۋەر قىلىندى.

ئاپتونوم رايون هازىر ساياهەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇۋاتقاندا، موڭغۇلكۈرە ناهىيەسىنىڭ بۇ خىل «پارتىيە قۇرۇلۇشى + پىدائىيلار مۇلازىمىتى» ئەندىزىسى هەم شۇ جاينىڭ ساياهەت تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچ قوشتى، شۇنداقلا پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ ئىستىلىنى ياخشىلىشىغا يەنىمۇ تۈرتكە بولدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى

新疆头条 APP 微信公众号 新疆日报网 天山网 APP